«قىزىل يىڭناغوچ» ئىلىم - پەن ساۋاتلىرى

# ھايۋانات دۇنياسى

(1)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


ئاق ئېيىق نېمە ئۈچۈن سوغۇقتىن قورقمايدۇ؟ ........ 1

نېمە ئۈچۈن بەزى ھايۋانلار تۇغۇلۇشى بىلەنلا ماڭالايدۇ؟ ........ 2

بۆرە نېمە ئۈچۈن سوغۇقتىن قورقمايدۇ؟ ........ 3

ئۆمۈچۈك ئۆزى توقۇغان تورغا چاپلىشىپ قالامدۇ؟ ........ 4

تۆگە نېمە ئۈچۈن قۇم - بوراندىن قورقمايدۇ؟ ........ 5

ياۋا تاغىل ئاتنىڭ بەدىنىدىكى باغاقچىسىمان ئاق - قارا سىزىقلارنىڭ نېمە رولى بار؟ ........ 6

ئات قانداق ئۇخلايدۇ؟ ........ 7

پاقىلار نېمە ئۈچۈن يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن بەس - بەستە كۈركىرىشىپ كېتىدۇ؟ ........ 8

سۇ كالىسى نېمە ئۈچۈن سۇغا چۈشۈشكە ئامراق ؟ ........ 9

مايمۇن راستىنلا پىت يەمدۇ؟ ........ 10

قىشتا پاقىلار نەگە كېتىدۇ؟ ........ 11

ھەسەل ھەرىسى گۈل - چېچەكلەر ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ نېمە قىلىدۇ؟ ........ 12

يامغۇر ياغقاندا كېپىنەكلەر نەگە كېتىدۇ؟ ........ 13

يىڭناغۇچنىڭ پەس ئۇچۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ........ 14

بېلىقنىڭ قۇيرۇقى نېمە ئۈچۈن مىدىرلاپ تۇرىدۇ؟ ........ 15

پىلنىڭ ئۇزۇن بۇرنى (خارتۇمى) نىڭ نېمە رولى بار؟ ........ 16

تىيىننىڭ يوغان قۇيرۇقىنىڭ نېمە رولى بار؟ ........ 17

قۇشلار دەرەختە ئۇخلىغاندا نېمە ئۈچۈن پەسكە چۈشۈپ كەتمەيدۇ؟ ........ 18

قۇشلار ئۇچقاندا نېمە ئۈچۈن پۇتىنى يىغىۋالىدۇ؟ ........ 19

كىچىك ئالتۇن بېلىقمۇ ئۇخلامدۇ؟ ........ 20

١

## ئاق ئېيىق نېمە ئۈچۈن سوغۇقتىن قورقمايدۇ؟

شىمالىي قۇتۇپتا ياشايدىغان ئاق ئېيىق كېچىكىدىنلا سوغۇق مۇھىتتا ياشاشقا ئادەتلەنگەن. ئۇنىڭ تېنىدە بىر قەۋەت قېلىن يۇڭلۇق تېرىسى ۋە تېرە ئاستىدا قېلىن ماي قاتلىمى بولغاچقا، ئۇ ھەرقانچە قاتتىق سوغۇقتىنمۇ قورقمايدۇ.



## نېمە ئۈچۈن بەزى ھايۋانلار تۇغۇلۇشى بىلەنلا ماڭالايدۇ؟

زور كۆپچىلىك ئوتخور ھايۋانلار تۇغۇلۇشى بىلەنلا ماڭالايدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشتىكى تۇغما ئىقتىدارىدۇر.



## بۆرە نېمە ئۈچۈن سوغۇقتىن قورقمايدۇ؟

تاغ - داۋانلار، چۆل - جەزىرىلەردىكى خىلمۇخىل ناچار مۇھىتلارغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بۆرىنىڭ بەدىنىدە قېلىن يۇڭلار ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، بۇ يۇڭلار ئۇنى ھەر قانچە قاتتىق سوغۇقتىنمۇ ساقلاپ قالالايدۇ.



## ئۆمۈچۈك ئۆزى توقۇغان تورغا چاپلىشىپ قالامدۇ؟

ئۆمۈچۈك ئۆزى توقۇغان توردىن پايدىلىنىپ چىۋىن، پاشا قاتارلىق هاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. بىراق ، ئۆمۈچۈك ئۆزى چاپلىشىپ قالمايدۇ ، چۈنكى،ئۇنىڭ بەدىنىدە بىر قەۋەت ماي بار.



## تۆگە نېمە ئۈچۈن قۇم - بوراندىن قورقمايدۇ؟

تۆگىنىڭ بۇرۇن تۆشۈكى ئىچىدە ئېچىلىپ - يېپىلىپ تۇرىدىغان كلاپانسىمان بىر قەۋەت پەردە بار، كىرپىكىمۇ قوش قەۋەتلىك. شۇڭا ئۇ بوران - چاپقۇندىن قورقمايدۇ.



**ياۋا تاغىل ئاتنىڭ بەدىنىدىكى باغاقچىسىمان ئاق - قارا سىزىقلارنىڭ نېمە رولى بار؟**

ياۋا تاغىل ئاتنىڭ بەدىنىدىكى باغاقچىسىمان ئاق - قارا سىزىقلار ئەتراپتىكى ئوت - چۆپلەر، مۇھىتنىڭ رەڭگىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. سىز ئەمدى بۇ سىزىقلار-نىڭ نېمە رولى بارلىقىنى بىلگەنسىز!



## ئات قانداق ئۇخلايدۇ؟

ئات ھەرقانداق شارائىتتا ئۇخلىيالايدۇ، يەنى ئۇ ئۆرە تۇرۇپمۇ، يېتىپمۇ، ئۇڭدا يېتىپمۇ ئۇخلىيالايدۇ.





پاقىلار نېمە ئۈچۈن يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن بەس – بەستە كۇركىرىشىپ كېتىدۇ؟

بۇ، پاقىلارنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقىنى! يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن نەملىك كۆپىيىپ هاۋا تەمخۇش بولۇپ قالىدۇ – دە، پاقىلار راھەتلىنىپ ناخشا ئېيتىشىپ كېتىدۇ.



## سۇ كالىسى نېمە ئۈچۈن سۇغا چۆشۈشكە ئامراق؟

سۇ كالىسىنىڭ تېرىسى قېلىن، تەر بەزلىرى تەرەققىي قىلمىغان بولغاچقا، ھاۋا ئىسسىق كۈنلىرى ئىسسىقتىن قوغدىنىش ئۈچۈن سۇغا چۆشۈۋېلىپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

## مايمۇن راستىنلا پىت يەمدۇ؟

قاراڭ، بۇ مايمۇن پىت تۇتۇپ يەۋاتامدۇ – نېمە؟ ياق، ئۇ ھەمراھى تەرلە-
گەندىن كېيىن بەدىنىدە پەيدا بولغان تۇز دانىچىلىرىنى تېرىپ يەۋاتىدۇ.





قىشتا پاقىلار نەگە كېتىدۇ؟

قىشتا پاقىلار «قىشلىق ئۇيقۇ»غا كىرىدۇ، يەنى ئىللىق كامارلارغا كىرىۋېلىپ ئۇخلايدۇ. شۇڭا،سوغۇقتىن توڭلاپ قالمايدۇ.

ھەسەل ھەرىسى گۈل - چېچەكلەر ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ نېمە قىلىدۇ؟

بۇ، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئىشلەۋاتقىنى! ئۇلار بىر تال سۇمۇرۇش نەيچىسىنى گۈلنىڭ ئاتىلىق - ئانىلىقلىرىغا سانجىپ گۈل شىرنىسىنى سۇمۇرۇۋېلىپ،ئاندىن ئۇنى ئۇۋىسىغا ئېلىپ بېرىپ ھەسەل ياسايدۇ.






## يامغۇر ياغقاندا كېپىنەكلەر نەگە كېتىدۇ؟

كېپىنەكلەرمۇ ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، ئۇلار يامغۇر ياغقاندا گۈل ـ گىياھ-لارنىڭ غوللىرىغا ياكى يوپۇرماقلارنىڭ كەينىگە قونۇۋېلىپ يامغۇردىن پاناھلىنىدۇ.

## يىڭناغۇچنىڭ پەس ئۇچۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟


يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن هاۋا نەمخۇش بولغاچقا، كىچىك هاشاراتلارنىڭ قانىتى نەملىشىپ قېلىپ ئېگىز ئۇچالمايدۇ. بۇ چاغدا يىڭناغۇچ ئۇلارنى تۇتۇپ يېيىش ئۈچۈن پەس ئۇچىدۇ.



## بېلىقنىڭ قۇيرۇقى نېمە ئۈچۈن مىدىرلاپ تۇرىدۇ؟

بېلىقنىڭ قۇيرۇقى ئاپتوموبىلنىڭ رولىغا ئوخشايدۇ. بېلىق بەدىنىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ۋە ئۇياق - بۇياققا ئۈزۈش ئۈچۈن قۇيرۇقىنى مىدىرلىتىپ تۇرىدۇ.





## پىلنىڭ ئۇزۇن بۇرنى (خارتۇمى) نىڭ نېمە رولى بار؟

پىلنىڭ بۇرنى (خارتۇمى) خۇددى ئادەم-نىڭ قولىغا ئوخشاش ئەپلىك بولۇپ، نەر-سە - كېرەكلەرنى ئالالايدۇ، يۆتكىيەلەيدۇ. يەنە تېخى ئېغىز گارمونى ۋە دۇمباقلارنى چالالايدۇ.







## تىيىننىڭ يوغان قۇيرۇقىنىڭ نېمە رولى بار؟

تىيىننىڭ يوغان قۇيرۇقى ئۇ شاختىن-بۇ شاخقا سەكرەپ يۈرگەندە بەدەن تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش، كەچتە ئۇخلىغاندا يوتقان ئورنىدا يېپىنىش رولىنى ئوينايدۇ.



قۇشلار دەرەختە ئۇخلىغاندا نېمە ئۈچۈن پەسكە چۈشۈپ كەتمەيدۇ؟

قۇشلار دەرەخ ئۈستىدە ئۇخلىغاندا دەرەخ شېخىنى تىرنىقى بىلەن مەھكەم قارمىۋالغاچقا، پەسكە چۈشۈپ كەتمەيدۇ.




**قۇشلار ئۇچقاندا نېمە ئۈچۈن پۇتىنى يىغىۋالىدۇ؟**

شامالنىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئازايتىپ تېخىمۇ تېز ئۇچۇش ئۈچۈن، قۇشلار ئۇچقاندا پۇتىنى يىغىۋالىدۇ.

## كىچىك ئالتۇن بېلىقمۇ ئۇخلامدۇ؟

كىچىك ئالتۇن بېلىقمۇ ئۇخلايدۇ. بىراق، ئۇ ئۇخلىغاندا كۆزى يۇمۇلمايدۇ، قاراڭ، ئۇنىڭ مىدىرلىماي تۇرغىنى دەل ئۇخلاۋاتقىنى.



بۇ كىتاب ئىچكى موڭغۇل ئۆسمۈر ـ بالىلار نەشرىياتىنىڭ 1993 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، يەنبيەن خەلق نەشرىياتىنىڭ 1999 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرىگە ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقادىر مەمتىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: روشەنگۈل تۇرسۇن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئېرجان تۆلەۋ
مەسئۇل كوررېكتورى: رەھىمگۈل مۇھەممەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: گاۋ يۇ

《红蜻蜓》科学知识丛书

动物世界（1）（维文）

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 1085 ـ نومۇر، پوچتا نومۇرى: 830000)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1194×889 م م، فورماتى: 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5
2001 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى

ISBN 978-7-80658-084-4　　باھاسى: 2.00 يۈەن





ISBN 978-7-80658-084-4

9 787806 580844 >

定价:2.00 元（维文）